### شايار ناھىيەسىدە

# ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇش پاختىچىلىق كەسىپ زەنجىرىگە سىڭىپ كىردى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

**يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز بەرپا قىلىش تەرەققىياتنىكى بوغما ھالەتنى بۇزۇپ تاشلاش**

شايار ناھىيەسىنىڭ سۇ، تۇپراق، يورۇقلۇق، ئىسسىقلىق بايلىقى مول بولۇپ، كېۋەز تېرىشقا ئىنتايىن ماس كېلىدۇ، يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 200 مىڭ توننىدىن ئاشىدۇ.

ئەنئەنىۋى ئەندىزىگە تايانغاندا، كېۋەز تېرىش تەننەرخى بارغانسېرى ئېشىپ كەتتى. قانداق قىلغاندا پاختىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش، پاختىچىلىق كەسپىنىڭ سۈپىتىنى ئاشۇرۇپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش شايار ناھىيەسىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە ئىدى.

«2017 ـ يىلى، شايار ناھىيەسى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 500 مىڭ مو يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇ تېجەپ ھوسۇلنى ئاشۇرۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش تۈر قۇرۇلۇشىنى ئۈستىگە ئالدى. بۇ تۈرنى بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، پۈتۈن ناھىيە بويىچە يېزا يەرلىرىنى تۈزەش ۋە يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز قۇرۇلۇشىنى كەڭ كۆلەمدە ئالغا سىلجىتتى، ئىلگىرىكى كىچىك ئېتىزلارنى بىرلەشتۈرۈپ، 100 مودىن 300 موغىچە بولغان چوڭ سالا ئېتىزلارنى بەرپا قىلغاندىن كېيىن، يەرلەر پارچىلىنىش، تىجارەت تارقاق بولۇش، كەسپكارلار كۆپ بولۇش، تەشكىللىنىش دەرىجىسى تۆۋەن بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەر بىراقلا ھەل قىلىندى» دېدى شايار ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتى ئىسلاھات ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى تاڭ يۈلىن.

يەر ئۆبوروتىدا، شايار ناھىيەسى «ھەمكارلىق كوپېراتىپى + دېھقان ئائىلىسى» «شىركەت + ھەمكارلىق كوپېراتىپى + دېھقان ئائىلىسى» ۋە «ئائىلىۋى دېھقانچىلىق مەيدانى + دېھقان ئائىلىسى»دىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئەندىزىنى تېپىپ چىقىپ، يەر ھوقۇقىنى بېكىتىش ئاساسىدا، دېھقان ئائىلىلىرىنى يەر باشقۇرۇش ھوقۇقى بىلەن ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا پاي قوشۇشقا يېتەكلىدى، بۇنىڭ بىلەن دېھقانلار كىچىك كۆلەمدىكى يەر باشقۇرۇشتىن ئازاد بولۇپ، باشقا ئىشلەپچىقىرىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللاندى ياكى سىرتقا چىقىپ ئىشلىدى.

يەر باشقۇرۇش ئەندىزىسى ئۆزگەرتىلدى، ئەمگەك كۈچى بىلەن تەمىنلەش يېتەرلىك بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەلا سۈپەتلىك پاختا بايلىقى ۋە ياخشى تىجارەت ـ سودا مۇھىتى بار بولدى، شايار ناھىيەسى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 10 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سالىدىغان ئوندىن ئارتۇق كارخانىنى ماكانلاشتۇرۇشقا جەلپ قىلدى، بۇ، پاختا توقۇمىچىلىق، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ياسىمىچىلىقى، سۇ تېجەش ئۈسكۈنىلىرى ياسىمىچىلىقى قاتارلىقلارغا چېتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، زامانىۋىلاشقان تېرىقچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپى، ئەمگەك مۇلازىمەت ھەمكارلىق كوپېراتىپى، ئائىلىۋى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇك نوتىسىدەك ۋەزىيەت ئېھتىياجى بىلەن بارلىققا كەلدى. كارخانا، ھەمكارلىق كوپېراتىپى، ئائىلىۋى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە، شايار ناھىيەسىنىڭ پاختىچىلىق كەسپىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارلىشىش سەۋىيەسى تەدرىجىي نامايان بولدى.

«شىنجاڭ لىخۇا (گۇرۇھ) چەكلىك شىركىتى شايار ناھىيەسىدە تۆت شىركەت تەسىس قىلدى، ياندىشىپ قۇرۇلغانلىرىدىن توقۇمىچىلىق بۆلىكى، يېزا ئىگىلىك بۆلىكى، پاختىچىلىق بۆلىكى بار. ئالدىن تېرىش، ئارقىدىن يىپ ئېگىرىش ئارقىلىق، 1 مىليون مولۇق تېرىقچىلىق بازىسى ۋە يىلىغا 1 مىليون توننا ساپ پاختا ئىشلەپچىقىرىش، 1 مىليون ئۇرچۇقلۇق يىپ ئېگىرىش ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى قۇردى» دېدى شايار لىخۇا يېڭىلىق يارىتىش زامانىۋى يېزا ئىگىلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى جاۋ جىنشىن.

**سۇ تېجەپ ئېكولوگىيەنى قوغداش تەننەرخنى تېجەپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش**

شايار ناھىيەسى نۇرباغ يېزىسى جىنشىڭ كەنتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لىن يۇڭگو بىر نەچچە كەنت ئاھالىسى بىلەن مۇنداق سۇ تېجەش ھېساباتى قىلدى: ئەسلىدە بىر مو كېۋەز تېرىشقا 600 كۇب مېتىر سۇ كېتەتتى، ھازىر ئىشلىتىدىغان سۇ 450 كۇب مېتىرغىمۇ يەتمەيدۇ، پاختا ھوسۇلى ئاشتى، بىر مو يەردىن يەنە 40 يۈەن سۇ ھەققى تېجەپ قېلىندى.

مۇخبىر شايار ناھىيەلىك سۇچىلىق ئىدارىسىدىن مۇنداق بىر گۇرۇپپا سانلىق مەلۇماتنى ئىگىلىدى: 2019 ـ يىلى، ئۆگەن دەرياسى سۇغىرىش رايونىنىڭ سۇ باشلاش ئومۇمىي مىقدارى 2017 ـ يىلدىكىدىن 22 مىليون كۇب مېتىر ئازايغان، 2019 ـ يىلدىكى چەكلىك نورمىدىن 30 مىليون كۇب مېتىر سۇ ئاز ئىشلىتىلگەن، زىرائەتلەرنىڭ تولۇق سۇغىرىلىش نىسبىتى تور يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرىكى 75%تىن 85%كە كۆتۈرۈلگەن.

«تېجەپ قېلىنغان سۇ مىقدارى ئالدى بىلەن يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن سۈنئىي ئېكولوگىيە ئورمىنى ۋە تەبىئىي ئېكولوگىيەلىك سۇغىرىشقا ئىشلىتىلىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئاسرالدى، نۆۋەتتە پۈتۈن ناھىيە بويىچە ئورمان ئومۇمىي كۆلىمى 5 مىليون 649 مىڭ 600 موغا، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 7.14%كە يېتىپ، ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا 0.24% ئاشتى» دېدى شايار ناھىيەلىك سۇچىلىق ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى جىڭ ۋېي.

پاختىچىلىق كەسپىنى ماشىنىلاشتۇرۇش، ئاقىللاشتۇرۇش ھەربىر قەدەم ئىلگىرى سۈرۈلسە، شايار ناھىيەسىنىڭ گۈزەل يېزا ـ كەنت قۇرۇلۇشى بىر قەدەم ئالغا سىلجىتىلىدۇ.

بۇ يىل گەرچە يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما شايار بوشرەن ئەقلىي ئىقتىدارلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى چەكلىك شىركىتى ئىشلەپچىقارغان تۈجۈپىلەپ ئۇرۇق سېلىش ماشىنىسى، پاختا تېرىش ماشىنىسى ئىنچىل ئېھتىياجنى قاندۇرالماي كەلدى، يېڭىدىن تەتقىق قىلىپ ياسالغان سولياۋ يوپۇق قالدۇقىنى يىغىۋېلىش ماشىنىسىمۇ بازىرى ئىتتىك مالغا ئايلاندى.

«ھەر مو كېۋەزلىكتە ئاز دېگەندە 20 كىلوگرام سولياۋ يوپۇق قالدۇقى قېپقالىدۇ، ئادەم كۈچى ئارقىلىق سولياۋ يوپۇق قالدۇقىنى يىغىۋېلىشقا ۋاقىت ۋە كۈچ كېتىدۇ، يىغىۋېلىش نىسبىتى ئاران 60%كە يېتىدۇ، ماشىنا ئارقىلىق يىغىۋېلىش نىسبىتى 80%تىن ئاشىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېۋەز غولىنى يانجىپ ئېتىزغا قايتۇرغىلى بولىدۇ. بۇ يىل بىز سولياۋ يوپۇق قالدۇقى يىغىۋېلىش ماشىنىسىنىڭ سولياۋ يوپۇق ساندۇقىنى تېخىمۇ چوڭراق لايىھەلەپ، يىغىۋېلىش مەشغۇلات ئۈنۈمىنى يەنىمۇ ئۆستۈردۇق، ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنىمۇ بۇلتۇرقى 150تىن 600گە كۆپەيتتۇق» دېدى شايار بوشرەن ئەقلىي ئىقتىدارلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى چەكلىك شىركىتىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش باش قوماندانى، سېتىشقا مەسئۇل يۇقىرى دەرىجىلىك دىرېكتورى جۇ جۈەنشېڭ.

**پۈتۈن كەسىپ زەنجىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كۆپ مەنبەلىك ئىشقا ئورۇنلىشىشقا ياردەم بېرىش**

يېقىندا شايار ناھىيەسى قىزىلبايراق بازىرى قاشتوغراق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى نىيازەم ئىمىن يېڭىدىن بىرنەچچە خىل ئۆي جاھازىسى، ئائىلە ئېلېكتر سايمانى سېتىۋېلىپ، ئۆيىنى تېخىمۇ چىرايلىق بېزەپ، تۇرمۇشنى تېخىمۇ ياخشىلاشنى پىلانلىدى. ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى پۈتۈن كەنت بويىچە كېۋەز تېرىش ئەندىزىسى ئۆزگەرگەندىن كېيىن، يەر ئۆبوروتى ۋە ئىشىك ئالدىدىلا ئىشقا ئورۇنلىشىشتىن ئىبارەت ئىككى ئۈلۈش كىرىمگە ئىگە بولغانلىقتىن كەلگەن.

شايار ناھىيەلىك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى ما باۋجۈڭ مۇنداق دېدى: بۇ بىرنەچچە يىلدا، شايار ناھىيەسىنىڭ يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتا تەدرىجىي ئېشىش ۋەزىيىتى كۆرۈلدى، بۇ، پاختىچىلىق كەسپىنىڭ تېز تەرەققىياتى بىلەن ناھايىتى زور دەرىجىدە مۇناسىۋەتلىك. ماشىنىلاشقان تېرىقچىلىق، كۆلەملەشتۈرۈپ باشقۇرۇش دېھقانلارنى زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى بىلەن ئورگانىك جىپسىلاشتۇردى، نۇرغۇن دېھقان يەرلىرىنى ھەمكارلىق كوپېراتىپى ياكى كارخانىلارغا ئۆبوروت قىلىپ بېرىپ، بىر تەرەپتىن يەردىن تەقسىملەپ بېرىلگەن پايدا ياكى ئۆبوروت ھەققىنى ئالدى، بىر تەرەپتىن ھەمكارلىق كوپېراتىپى ياكى كارخانىلاردا ئىشلىدى، بەزى ياش دېھقانلار يەنە ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان ئارقىلىق زىرائەت پەرۋىش قىلىش قاتارلىق زامانىۋى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلاتچىلىرىغا ئايلاندى.

ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، شايار ناھىيەسىدە كەڭ كۆلەمدە يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش جەريانىدا، 500 مىڭ مو يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇ تېجەپ ھوسۇلنى ئاشۇرۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش تۈر رايونىدىن جەمئىي 26 مىڭ 990 ئارتۇق ئەمگەك كۈچى قويۇپ بېرىلگەن، ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرى يېزا ئىگىلىكنىڭ ئىچكى قىسمىدا يۆتكەش، كەسىپ ئارقىلىق يۆلەش، يېقىن ئەتراپتا، ئۆز جايىدا يۆتكەش، 3 ـ كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئەمگەك كۈچلىرىنى سىرتقا چىقىرىش، ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەش قاتارلىق كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىپ ئىگىلىك تىكلەپ، مۇقىم كىرىمگە ئىگە بولغان.

بۇ يىل شايار ناھىيەسى پاختىچىلىق كەسىپ زەنجىرىنى يەنىمۇ ئۇزارتىپ، ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇش، پەن ـ تېخنىكىلاشتۇرۇش، ئۇچۇرلاشتۇرۇشنى پاختىچىلىق كەسىپ زەنجىرىنىڭ ھەربىر ھالقىسىغا سىڭدۈرۈپ، ئەلا سۈپەتلىك كېۋەز ئۆستۈرۈش ـ پەرۋىش قىلىش، پاختا پىششىقلاش، ئەلا سۈپەتلىك پاختا يىپ ئىشلەپچىقىرىش ۋە رەختنى ئىنچىكە، چوڭقۇر پىششىقلاشتىن ئىبارەت پۈتۈن كەسىپ زەنجىرى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى ئىشقا ئاشۇردى.

# ئاپتونوم رايونىمىزدا شەھەر ـ يېزىلارنى توك بىلەن تەمىنلەشنىڭ ئىشەنچلىكلىكى زور دەرىجىدە ئاشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چېن چياڭۋېي** خەۋەر قىلىدۇ: «2020 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ شەھەر ئېلېكتر تورى ۋە ناھىيە دەرىجىلىك توك بىلەن تەمىنلەش رايونلىرىنى توك بىلەن تەمىنلەش ئىشەنچلىكلىكى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 99.94% ۋە 99.8%كە يېتىپ، ‹12 ـ بەش يىل› نىڭ ئاخىرىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، ئائىلىلەردە ئوتتۇرىچە توك توختاش ۋاقتى 3.7 سائەت ۋە 21.8 سائەت ئازايدى، شەھەر ـ يېزىلارنى توك بىلەن تەمىنلەش ئىشەنچلىكلىكى زور دەرىجىدە ئاشتى» دېدى 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى چەكلىك شىركىتى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەتقىقات يۇرتى پىلان ئىشخانىسىنىڭ توك تەقسىملەش تورى پىلان ئىنژېنېرى گاۋ مىڭ.

«13 ـ بەش يىل» دىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز «بىرتۇتاش پىلانلاش، ئالدىن قۇرۇش» ئومۇمىي تەلىپى بويىچە، «شىنجاڭنىڭ توكىنى سىرتقا يەتكۈزۈش» ھەم شىنجاڭ ئىچىدە توك ئىشلىتىش ئېھتىياجىغا بىرلەشتۈرۈپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ 750 كىلوۋولتلۇق ئاساسىي تور رامكىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئېلېكتر تورىنىڭ بايلىق تەقسىملەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، ئېلېكتر تورىنىڭ بىخەتەر، ئىقتىسادچىل ئايلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يېزا ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشى ۋە ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېزىلارنىڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە كاپالەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، 220 كىلوۋولتلۇق ھەم ئۇنىڭدىن تۆۋەن توك تەقسىملەش تورى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، 220 كىلوۋولتلۇق ھەم ئۇنىڭدىن تۆۋەن توك تەقسىملەش تورىنى 750 كىلوۋولتلۇق ئېلېكتر تورى بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇردى. ئېلېكتر تورى سېلىنما قۇرۇلۇشى سالمىقىنىڭ ئۈزلۈكسىز زورايتىلىشى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ توك ئىشلىتىش سۈپىتىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈردى.

قاراقاش ناھىيەسى ماڭلاي يېزىسى باش ماڭلاي كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى بەكرى ئەخەت بۇ ئىككى يىلدىن بۇيانقى توك ئىشلىتىش ئۆزگىرىشىدىن تولىمۇ خۇرسەن بولدى. ئۇ ئىلگىرى ئۈرۈمچىدە تىجارەت قىلغان بولۇپ، 2018 ـ يىلى كەنتكە قايتىپ كېلىپ ناھراتالارنى يۆلەش زاۋۇتى قۇردى. ئەينى چاغدا كەنتنىڭ توك لىنىيەسى ئۆزگەرتىلمىگەن بولۇپ، قوشنا كەنت بىلەن بىر ترانسفورماتورنى تەڭ ئىشلەتكەچكە، كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا كېرەكلىك توك ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىغاندى.

2019 ـ يىلى، يېزا ئېلېكتر تورىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ ئۆزگەرتىشنىڭ پايدىسىدا، باش ماڭلاي كەنتىدە يېڭىدىن 220 كىلوۋولتلۇق توك بىلەن تەمىنلەش لىنىيەسى قۇرۇلدى ھەم سىغىمچانلىق دەرىجىسى ئۆستۈرۈلگەن ترانسفورماتور سەپلەندى.

بەكرى ئىلتىماس قىلىپ كەنتتە يەنە بىر يېمەكلىك پىششىقلاش زاۋۇتى قۇرۇپ، پۈتۈن يۈرۈشلۈك قاقلاش، پىششىقلاش، ئوراش ـ قاچىلاش قاتارلىق ئېلېكترلەشكەن ئۈسكۈنىلەرنى سەپلىدى. «يېتەرلىك توك بولغاندىلا، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن غەم يېمەيمىز، ھازىر يېمەكلىك پىششىقلاش زاۋۇتىمىز مۇقىم ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ساقلىيالايدۇ ھەم خاتىرجەم، يۈرەكلىك ھالدا زاكاز قوبۇل قىلالايدۇ» دېدى بەكرى.

«تىرىشىش ئارقىلىق، شىركىتىمىز تىجارەت رايونىدىكى قېپقالغان توك يوق ئائىلىلەرنى ئومۇميۈزلۈك تۈگەتتى. ‹دۆلەت ئېنېرگىيە ئىدارىسىنىڭ توك تەقسىملەش تورى قۇرۇلۇشىنى ئۆزگەرتىش ھەرىكەت پىلانى (2015 ـ يىلدىن 2020 ـ يىلغىچە)›نى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى›نىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، 2020 ـ يىلى شەھەرگە قاراشلىق ۋە ناھىيە دەرىجىلىك توك بىلەن تەمىنلەش رايونلىرىنى توك بىلەن تەمىنلەشنىڭ ئىشەنچلىكلىكى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 99.88% ۋە 99.72%تىن تۆۋەن بولمىدى، نىشاندىكى تەلەپ مۇددەتتىن بۇرۇن ۋە نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى» دېدى گاۋ مىڭ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايون پاتېنتنى يولغا قويۇش مەبلىغى تەسىس قىلىپ، ھەر يىلى يېڭىلىق يارىتىش خاراكتېرى كۈچلۈك، تېخنىكىنىڭ باغلىنىش دەرىجىسى يۇقىرى، كەسپىنىڭ تۈرتكىلىك خاراكتېرى زور، مەھسۇلاتنىڭ قوشۇلما قىممىتى يۇقىرى، بازار ئىستىقبالى پارلاق، رايوننىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا مۇھىم تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان پاتېنت تۈرلىرىنى مەبلەغ جەھەتتىن قوللاپ، كارخانىلارنىڭ تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. مەبلەغ 1996 ـ يىلدىكى 1 مىليون يۈەندىن يىلمۇيىل ئېشىپ، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا سوممىسى يىلىغا 20 مىليون يۈەنگىچە ئۆستۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى رەنىگە قويۇپ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش خىزمىتى پائال ئالغا سىلجىتىلدى، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى رەنىگە قويۇپ قەرز ئېلىش ئومۇمىي سوممىسى 246 مىليون يۈەنگە يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 208% ئاشتى.

«ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىر قاتار تەدبىرلىرى پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ھاياتىي كۈچىنى قوزغىتىپ، كارخانىلاردا يېڭىلىق يارىتىش قىزغىنلىقىنى كۆتۈردى. بۇلتۇر، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پاتېنت ئىلتىماس قىلىش ۋە ھوقۇق بېرىش مىقدارىنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 51%ى ۋە 56%ى كارخانىلاردىن كەلگەن بولۇپ، كارخانىلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئاساسىي گەۋدىسىگە ئايلاندى» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى (بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسى) بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى ياڭ خۇڭمېي.

«بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى تولۇق ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش بىزنىڭ مەبلەغ يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشىمىزغا ياردەم بېرىپلا قالماي، يەنە بازار رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇشىمىزغا ياردەم بەردى.» شىنجاڭ شىئېردەن يېمەكلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى چېڭ خۇا مۇنداق دېدى: شىركىتىمىز تەتقىق قىلىپ ئېچىش مەركىزى قۇرۇپ، ھەر يىلى زور مىقداردا خىراجەت ئاجرىتىپ مەھسۇلات تەتقىق قىلىپ ئېچىشقا ئىشلەتتى، نۆۋەتتە قۇرۇتۇلغان لازا، قورۇلغان لازا يۈرۈشلۈكى قاتارلىق ئالتە چوڭ يۈرۈشلۈك 20 نەچچە تۈرلۈك مەھسۇلاتنى ئاچتى، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئون تۈرلۈك مەھسۇلات دۆلەت كەشپىيات پاتېنتىغا ئېرىشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى (بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسى) بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى ئەخمەتجان ئىسمايىل مۇنداق بىلدۈردى: ھوقۇق بېرىش، ھوقۇق تەۋەلىكىنى بېكىتىش، ھوقۇقنى قوغداشنى جىپسىلاشتۇرۇش تەرتىپىنى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇپ، پاتېنت، تاۋار ماركىسى، جۇغراپىيەلىك بەلگە قاتارلىق مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، ئىلتىماس قىلىش سۈپىتى ۋە قوغداش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرىمىز.

# 419 شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچى ھۆددە ئېلىنغان ئايروپىلان بىلەن مەكتەپكە قايتتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ما يىنىڭ**، ئىختىيارىي مۇخبىر **چې جېي** خەۋەر قىلىدۇ: 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى سائەت 9دىن 15 مىنۇت ئۆتكەندە، 124 ئوقۇغۇچى ئولتۇرغان جۇڭگو جەنۇب ئاۋىياتسىيەسى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ CZ2395 نۆۋەتچى ئايروپىلانى چۆچەكتىن جېڭجوۋغا قاراپ ئۇچتى، بۇ، ئۈرۈمچىدە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يېڭىدىن يۈز بەرگەندىن بۇيان، جەنۇب ئاۋىياتسىيەسى ئۇچۇش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغان ئوقۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بويىچە تۇنجى ھۆددە ئېلىنغان ئايروپىلان. شۇ كۈنى، يەنە 295 ئوقۇغۇچى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا چۆچەك ۋە ئالتايدىن شىئەنگە قاراپ ئۇچۇپ، مەكتەپكە قايتىش سەپىرىنى باشلىدى.

نۆۋەتتە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەر ئوقۇش باشلاش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، ئوقۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كاپالىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، جەنۇب ئاۋىياتسىيەسى شىنجاڭ شۆبە شىركىتى ئوقۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ماڭغان يولۇچىلارنىڭ سەپەر ئېھتىياجىغا يېقىندىن دىققەت قىلدى، ئوقۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بويىچە كوللېكتىپ پۈتۈن يۈرۈشلۈك ئايروپىلان كەسپىنى ئېچىپ، ئۇچۇر توپلاش، ئىلتىماس تەرتىپى ھەمدە كاپالەت تەپسىلاتلىرى قاتارلىق جەھەتلەرگىچە بولغان تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئالدىن ياخشى ئىشلىدى.

8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، جەنۇب ئاۋىياتسىيەسىنىڭ ئالتايدا تۇرۇشلۇق تىجارەت باشقارمىسى بېيتۈن شەھىرىدە ئىچكىرى رايونلاردىكى ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىدە ئوقۇيدىغان تەخمىنەن 500دەك ئوقۇغۇچىنىڭ مەكتەپكە جىددىي قايتماقچى ئىكەنلىكىنى ئىگىلىدى. تىزىملىكتىكى ئوقۇغۇچىلار ئوقۇۋاتقان ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى تۇرۇشلۇق ئۆلكە، شەھەرلەرنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، ئادەم سانى ئەڭ كۆپ مەنزىلنىڭ شىئەن شەھىرى ئىكەنلىكىنى بايقىدى. شۇ جاي بىلەن ئالاقىلىشىش ئارقىلىق، جەنۇب ئاۋىياتسىيەسى ئالتاي ـ شىئەن بىۋاستە ئۇچۇش لىنىيەسى ئېچىشنى قارار قىلدى، ئوقۇغۇچىلار شىئەنگە بارغاندىن كېيىن، يەنە ئايروپىلان ئالمىشىش ياكى تۆمۈريول قاتنىشى شەكلى ئارقىلىق كېيىنكى مۇساپىسىنى داۋاملاشتۇرىدىكەن. 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، تىجارەت باشقارمىسى شۇ جايدىكى ئايرودۇروم بىلەن ماسلىشىش ئارقىلىق، «شىنجاڭدىن ئايرىلىدىغان ئوقۇغۇچىلار مەخسۇس پوكىيى»نى تەسىس قىلىپ، مەكتەپكە قايتىشتىكى ئالاھىدە تېز مۇلازىمەت يېشىل يولى قاتارلىق يۈرۈشلەشكەن مۇلازىمەتنى ئاچتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

نۇرئېنېرگىيەلىك توك چىقىرىش تۈرى، ئالاھىدە ترانسفورماتور سانائىتى شىنجاڭ يېڭى ئېنېرگىيە پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ داچۇەن يېڭى ئېنېرگىيە پاي چەكلىك شىركىتىدىن ئىبارەت.

ئەقلىي ئىقتىدارلىق نۇرئېنېرگىيە ئۈلگە كۆرسىتىش كارخانىسى ئىلغار، پىشقان ئەقلىي ئىقتىدارلىق نۇرئېنېرگىيە مەھسۇلاتى، مۇلازىمىتى، سىستېما سۈپىسى ياكى ئومۇميۈزلۈك ھەل قىلىش لايىھەسى بىلەن تەمىنلەيدىغان كارخانىلارنى كۆرسىتىدۇ. ئەقلىي ئىقتىدارلىق نۇرئېنېرگىيە ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرى ئەمەلىي قوللىنىشچان ئەقلىي ئىقتىدارلىق نۇرئېنېرگىيە مەھسۇلاتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، چوڭ سانلىق مەلۇمات، ئالاقە تورى ۋە سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدارنى يۇغۇرۇپ، ئابونچىلارنى ئەقلىي ئىقتىدارلىق نۇرئېنېرگىيە مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدىغان تۈرلەرنى كۆرسىتىدۇ.

شىنجاڭ نۇرئېنېرگىيە كەسپىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارلىق ياسىمىچىلىق سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىپ، ئالاقە تورى، چوڭ سانلىق مەلۇمات، سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار قاتارلىقلارنىڭ نۇرئېنېرگىيە كەسپى بىلەن چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، نۇرئېنېرگىيەسىدە ئەقلىي ئىقتىدارلىق يېڭىلىق يارىتىپ تۈرتكە بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، نۇرئېنېرگىيە كەسپىنىڭ يەرشارىۋى قىممەت زەنجىرىنىڭ ئوتتۇرا، يۇقىرى پەللىگە قەدەم قويۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.